## 174743 ـ قۇرئان تىلاۋىتىنى ئېچىپ قويۇپ تېڭشىماستىن باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

### سۇئال

مەن ئۆيدە ياكى سىرتتا بەزى ۋاقىتتا رادىئو ياكى تېلېۋىزۇردىن قۇرئان تىلاۋىتىنى ئېچىپ قويۇپ تىڭشىماستىن ئوچۇق قويۇپ قويىمەن، بۇنداق قىلىشىم توغرىمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىزمۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، بارلىق ساھابىلىرى ۋە قىيامەتكىچە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

قۇرئان كەرىمنى تىڭشاش ۋە تىلاۋەت قىلىنىۋاتقاندا جىم تۇرۇش شەرىئەتتە بۇيرۇلغان ئىشتۇر، ئەمما تىڭشاشنىڭ ۋاجىپلىقى توغرىسىدا ئىككى تۈرلۈك قاراش بار، ئەڭ توغرىسى ۋاجىپ ئەمەس، پەقەت نامازدىكى ھالەتتە ۋاجىپ بولىدۇ، بۇ كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارشىدۇر. شۇنداقتىمۇ مۇسۇلمان كىشى قۇرئان تىلاۋىتى قىلىنغاندا جىم تۇرۇپ تىڭشاش، زۆرۈر بىر ئىش بولمىسا قۇلاق سېلىشتىن باش تارتماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇمۇ قۇرئان كەرىمنى ئۇلۇغلىغانلىق، ھۆرمەت قىلغانلىق ۋە ئېھتىرام قىلغانلىقنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئىلگىرى بىز 88728ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا بۇنىڭ تەپسىلاتى بايان قىلىنغان.

سىز ئۆيدە ياكى سىرتتا، ئويغاق ياكى ئۇيقۇلۇق ھالەتتە رادىئو ۋە تېلېۋىزۇردىن قۇرئان تىلاۋىتىنى ئېچىپ قويسىڭىز بولىدۇ، لېكىن قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى ئوچۇق ۋاقىتىدا، تىلاۋەتنى ئارىلاشتۇرىۋېتىدىغان تەشۋىشلەر، ۋاراڭ ـچۇرۇڭلار، بىھۇدە پاراڭلار بولماسلىقى كېرەك. شۇنىڭدەك تىلاۋەت قويۇلىۋاتقان ئورۇن پاكىزە، شۇنىڭغا لايىق ئورۇن بولىشى كېرەك، ئەڭ ياخشىسى بۇنداق ھالەتلەردە رادىئو ـتېلېۋىزۇردىن قۇرئان كەرىم تىلاۋىتىنى توختىتىۋېتىش كېرەك، بۇنداق قىلىشمۇ قۇرئان كەرىمنى ئۇلۇغلىغانلىق ۋە بۇيرۇلغان بويىچە ھۆرمەت قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

شەيخ ئابدۇل ئەزىز ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھدىن: ئىنسان ئۆيدە رادىئو ياكى ئۇن ئالغۇدىن قۇرئان كەرىم تىلاۋىتىنى ئېچىپ قويۇپ، ئۇنى توختىتىۋەتمەستىن ئورۇغ ـتۇغقان، دوست ـبۇرادەرلىرىنى زىيارەت قىلغىلى ئۆيدىن چىقىپ كەتسە قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "ئەگەر قۇرئان تىلىۋىتىنى ئېچىپ قويغاندا، ئەتراپىتا تەشۋىش قىلىدىغان، بىكار سۆز قىلىدىغان ۋە ۋاراڭ ـچۇرۇڭلار بولمىسا ئۇ ۋاقىتتا تىلاۋەتنى ئېچىپ قويسا بولىدۇ، ئەمما ئەتراپ تېنىچ

ئەمەس، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، بىكار پاراڭلار كۆپ بولسا، ئۇ ۋاقىتتا تىلاۋەتنى توختىتىشقا ئەڭ ياخشى بولىدۇ، چۈنكى بۇنداق هالەتتە تىلاۋەتنى ئېچىپ قويۇش قۇرئان كەرىمنى ئېھتىرام قىلمىغانلىق ھېسابلىنىدۇ، ئەمما ئۆيدە ئادەم يوق ياكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ يوق ياكى بىرەرسى ئۇخلاپ قالغان ياكى بىرەرسى تىڭشاپ تۇرغان بولسا ئۇ ۋاقىتتا تىلاۋەت پروگراممىسىنى ئېچىپ قويۇپ سىرتقا چىقىپ كەتسە ھېچ ئىش بولمايدۇ".

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.